# چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونىمىزدىن دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكەنلەر ھەم ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى ۋە ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

قەھرىمانلارنى قەدىرلەش، قەھرىمانلارنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت دۆلەت پوزىتسىيەسىنى تولۇق نامايان قىلدى. دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكەن قەھرىمان نەمۇنىچىلارنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شەرەپنى قەدىرلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، قەتئىي ئەقىدە، ئېتىقاد، ئىشەنچ بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنىڭ غايەت زور خۇشاللىقىغا ۋە چەكسىز ئىپتىخارلىقىغا چۆمدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى پۇرسەت، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى بېرىش مۇراسىمدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەھرىمانلارنى ھۆرمەتلەپ، قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشى كېرەك. قەھرىمانلارنى تەشۋىق قىلىش كېرەك، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىش، قەھرىمانلارنى ھۆرمەتلەش، ئاۋانگارتلاردىن بولۇشقا تىرىشىشقا يېتەكلەپ، قەھرىمان نەمۇنىچىلارنى روشەن دەۋر بەلگىسىگە ئايلاندۇرۇش، كەيپىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان دەۋر ئۆلچەم بايرىقىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىش كېرەك، قەھرىمان نەمۇنىچىلارنىڭ جىسمىدا ئەكس ئەتكەن سادىقلىق، قەتئىيلىك، ئاددىي - ساددىلىقتىن ئىبارەت روشەن خىسلەتنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭخۇا مىللىتى روھىنى چوڭقۇر ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە يېتەكلەپ، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسىنى چىڭىتىش، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ھەرىكىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك؛ قەھرىمانلاردىن بولۇشقا تىرىشىش كېرەك، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىدا ئىرادىدىن يانماي، ئېگىلمەي - سۇنماي، ئۆلگە ۋە بايراقنىڭ كۈچىنى يېڭى دەۋردىكى ۋەتەننى سۆيۈش، كۆرەش قىلىش ھەرىكىتىگە ھەقىقىي ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭنى قەھرىمانلار ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ قەھرىمانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەقىقىي تۈردە قەھرىمانلارنى خەلقنىڭ شەرىپى، دۆلەتنىڭ بايلىقى بىلىپ، قەھرىمان نەمۇنىچىلارغا پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ، كۆيۈنۈپ، قەھرىمان نەمۇنىچىلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى، ئەۋلادلىرىغا پارتىيە ۋە خەلقنىڭ غەمخورلۇقىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

# كۆرەش قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ گۈزەل دەۋر سەھىپىسىنى پۈتىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

**■ ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش**

«ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ياشىسۇن! ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياشىسۇن! ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقى ياشىسۇن!» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۈچ «ياشىسۇن» دەپ يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، خوشۇت ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن رەئىسى، خوشۇت ناھىيەسى نەرىنكىر يېزىسى بۇمبۇت كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى پىلجە ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ نۇر ۋە ھارارىتىمنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھويلا - ئاران تىرىكچىلىكى، باقمىچىلىقنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەنت كوللېكتىپىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يولىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، ئاممىنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى پۇختىلاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيمەن».

ئايتۇرسۇن ھاپىز ئۇچتۇرپان ناھىيەسى ئالغا بازارلىق دۆلەت ئورتاق تىل باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى قۇربان نىيازنىڭ خوتۇنى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئايتۇرسۇن قىزى بىلەن ئۆيدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ تېلېۋىزوردا بىۋاستە كۆرسىتىلىشىنى ئەستايىدىل كۆردى. باش شۇجى شى جىنپىڭ سۆزىدە «پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، داۋاملىق تۈردە بىزنىڭ خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنى ياخشى مۇستەھكەملىشى، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك» دېگىنىنى ئاڭلىغاندا، ئايتۇرسۇن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: مەن تىرىشىپ ياخشى پۇقرا تەشۋىقاتچى بولۇپ، ئاكتىپ كۈچ مۇجەسسەملەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن مەن يەنە ئېرىمنىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ قوللاپ، ئۇنىڭ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشىنى قوللايمەن».

**■ داۋاملىق كۆرەش قىلىش يەنە شانلىق نەتىجە يارىتىش**

«جۇڭگونىڭ تۈنۈگۈنى ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلدى، جۇڭگونىڭ بۈگۈنى يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ قولىدا يارىتىلماقتا، جۇڭگونىڭ ئەتىسى جەزمەن تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.» باش شۇجىنىڭ سۆزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا مەدەت بەردى، غەيرەت بېغىشلىدى، مەن ئىنتايىن ھاياجانلاندىم ۋە پەخىرلەندىم.» قابا ناھىيەلىك پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ كادىرى، جايلىما يېزىسى ئاقتۆبە كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى قارقىت خەمىت مۇنداق بىلدۈردى: «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۆرەش قىلىۋاتقان ئاساسىي قاتلام كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن كەنت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ياچېيكىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، كەسپەرلەش، كەشتىچىلىك قاتارلىق ماھارەتلەرنى ئۆگىنىشكە، ئىگىلەشكە يېتەكلەپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بېيىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىمەن».

خۇ خەيچاۋ غەربىي رايون پىلانى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى پىدائىيسى بولۇپ، ھازىر قومۇل شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. «باش شۇجىنىڭ سۆزىدىن ھەسسىلەپ ئىلھام ئالدىم، تولىمۇ ھاياجانلاندىم.» خۇ خەيچاۋ مۇنداق بىلدۈردى: «پىدائىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن تۈرلۈك پىدائىيلار مۇلازىمىتى پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ياشلىق باھارىم ۋە كۈچۈمنى بېغىشلايمەن».

**(مۇخبىرلىرىمىز رايىدە، جاڭ جىلى، دۇ جيەنخۇي، جاڭ تىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز لى خەيشەن، چېن ۋېي يازغان)**

# تارىم نېفىتلىكىدە يەنە 100 مىليارد كۇب مېتىر دەرىجىلىك چوڭ گازلىق بايقالدى

(بېشى 1 - بەتتە)

دەرىجىدىن تاشقىرى يۇقىرى بېسىملىق تۇز سۈيى قاتلىمىدىن تېشىپ ئېقىش قاتارلىق بىر قاتار «ئەجەللىك» تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، بوز 9 - نومۇرلۇق قۇدۇقدا مۇھىم، زور چارلاپ بايقاشقا ئېرىشىشكە تىرەك بولدى.

جۇڭگو نېفىتى تارىم نېفىتلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى تيەن جۈن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بوز 9 - نومۇرلۇق قۇدۇقدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك بايقاش بوز 9 - نومۇرلۇق قۇدۇقدىكى تەبىئىي گاز زاپىسىنىڭ گاز تەركىبىي كۆلىمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، مۆلچەرلىنىشىچە، تەركىبىدە نېفىت - تەبىئىي گاز بار كۆلەم 40.9 كۋادرات كىلومېتىر، گاز قاتلىمى بۆلىكىنىڭ قېلىنلىقى جەمئىي 178 مېتىر، دەسلەپكى قەدەمدە مۆلچەرلەنگەن تەبىئىي گازنىڭ گېئولوگىيەلىك زاپىسى 115 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر، ئۇيۇغان نېفىت زاپىسى 21 مىليون 660 مىڭ توننا ئىكەن. بۇ، تارىم نېفىتلىكىدە مەھسۇلات مىقدارى 100 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان يەنە بىر ئەلا سۈپەتلىك، تەييار، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۇيۇغان تەبىئىي گاز زاپىسىنىڭ بايقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بوز - چوڭ شىمال گازلىق رايوندا 1 تىرىليون كۇب مېتىرلىق زور گازلىق رايونى زاپىسى كۆلىمىنىڭ بارلىقىنى يەنىمۇ دەلىللىدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ جاي كېلا - كېشبەندىن كېيىنكى يەنە بىر 1 تىرىليون كۇب مېتىرلىق چوڭ تەبىئىي گازلىق رايونى بولۇپ قالدى.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، تارىم نېفىتلىكى 30 مىليون توننىلىق زامانىۋى نېفىت - تەبىئىي گازلىق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، بوز - چوڭ شىمال تەبىئىي گازلىق رايونىنى قېدىرىپ چارلاپ تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتقان، بوز 9 - نومۇرلۇق قۇدۇقى، چوڭ شىمال 17 - نومۇرلۇق قۇدۇقى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق چارلاش قۇدۇقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان. بوز - چوڭ شىمال گازلىق رايوندا 50كە يېقىن قۇرۇلما بايقالغان، تەبىئىي گاز ئومۇمىي بايلىق مىقدارى 1 تىرىليون 200 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، مۆلچەرلىنىشىچە، ئاخىرىدا چارلاپ ئېنىقلىنىدىغان تەبىئىي گاز گېئولوگىيەلىك زاپىسى 1 تىرىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدىكەن.

دۆلىتىمىزنىڭ چارلاپ ئېنىقلانغان چوڭقۇر قاتلام ئۇيۇغان نېفىت - تەبىئىي گاز زاپىسىنىڭ 80%تىن كۆپرەكى تارىم ئويمانلىقىغا مەركەزلەشكەن. نۆۋەتتە، تارىم نېفىتلىكى ياقا، دىنا 2 -، ئوتتۇرا تارىم 1 - نومۇر قاتارلىق 14 دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭقۇر، دەرىجىدىن تاشقىرى يۇقىرى بېسىملىق مۇرەككەپ ئۇيۇغان تەبىئىي گازلىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچتى، يىلىغا 2 مىليون توننا ئۇيۇغان نېفىت، 10 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭقۇر قاتلامدىن ئۇيۇغان نېفىت - تەبىئىي گاز ئېلىش بازىسىنى قۇرۇپ چىقتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

بۈگۈنكى كۈندە، ئىلگىرى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتە تولۇق بولمىغان كىشىلەر پات ئارىدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە قەدەم قويىدۇ؛ ئىلگىرىكى نامرات، قالاق جۇڭگو گۈللىنىش، قۇدرەت تېپىشقا يۈزلەندى؛ ئىلگىرىكى نامرات، ئاجىز مىللەت ئۇلۇغ گۈللىنىشنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى كۈتۈۋالدى. ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە، جۇڭخۇا مىللىتى تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىدىغان تارىخىي ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ «دەۋرگە يېتىشۋېلىش»تىن «دەۋرگە يېتەكچىلىك قىلىش»قىچە، جۇڭگو خەلقى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭدى. تارىخ ۋە رېئاللىق قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلىدىكى: جۇڭگو خەلقى چوقۇم قىلالايدۇ، جۇڭگو چوقۇم قىلالايدۇ.

ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، چۈنكى بىز تارىخنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش لوگىكىسى ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىمىز. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «جۇڭخۇا مىللىتى جۇغلىغان ئېنېرگىيەگە ناھايىتى ئۇزاق بولدى، ئۇنى پارتلىتىپ ئۇلۇغ جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.» جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى. جۇڭگو ئارزۇسى بىر پۈتكۈل مىللەتنىڭ كوللېكتىپ خاتىرىسىدە چۆكمە بولغان تارىختا يېتىلگەن بولۇپ، ھاقارەتلىنىش ۋە ئازاب - ئوقۇبەت ئۇنىڭ تۇپرىقى، شۇڭا ئۇ شۇنچىلىك چوڭقۇر، كىشىنى شۇنچىلىك تەسىرلەندۈرىدۇ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ؛ جۇڭگو ئارزۇسى دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ بەخت غايىسى ۋە ئارزۇسى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، دۆلەتنىڭ كۈچىيىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۇنىڭ رېئال تىرىكى، شۇڭا ئۇ شۇنچىلىك كۈچلۈك، كىشى قەلبىنى شۇنچىلىك تەسىرلەندۈرىدۇ، كىشى قەلبىنى روھلاندۇرىدۇ.

جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ ماھىيىتى خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى، بۇ، تارتتۇۋېلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس ھوقۇق؛ جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن، تارىخ لوگىكىسىنىڭ ھەققانىيەت ئىشلىرىغا ماس كېلىدۇ، «ھەققانىيەت ئىشلىرىنى ھەرقانداق دۈشمەن يېڭەلمەيدۇ». پەقەت بىز قەتئىي غايە - ئېتىقاد ۋە كۈچلۈك ئىنقىلابىي ئىرادىنى ساقلىساقلا، قاتمۇقات ئۆتكەللەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۆتەلەيمىز، قانداق توزاق، قانداق مۇھاسىرىگە ئېلىپ توسۇش، قانداق قامال سىزىقى بولسۇن، ھەممىنى تەلتۆكۈس ئارقىمىزغا تاشلىيالايمىز!

ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىمىزنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، چۈنكى بىز دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىدا تەرەققىي قىلدۇق. بىر نامرات، ئاجىز قالاق دۆلەتتىن تەرەققىي قىلىپ دۇنيادىكى 2 - چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندۇق، جۇڭگو سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا ۋە مۇستەملىكە قىلىپ تالان - تاراج قىلىشقا تايانماي، بەلكى باشتىن - ئاخىر ئېغىشماي تىنچ تەرەققىيات يولىدا ماڭدى. بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلمىگەن چوڭ ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات يەنىلا دەۋرنىڭ باش تېمىسى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، بىز باشتىن - ئاخىر مۇستەقىل، ئۆزىگە ئىگە بولغان تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر ئېغىشماي تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتۇق. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىش، يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا پائال تۈرتكە بولۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش جەريانىدا چوڭ دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلدۇق. ئالغا ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدە، تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان دەۋر ئېقىمىغا ئۇيغۇنلىشىپ، جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، باشتىن - ئاخىر دۇنيا تىنچلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، يەر شارى تەرەققىياتىنىڭ تۆھپىكارى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى بولىدۇ.

«ئويمان - دۆڭلەرنى تۈزلەپ داغدام يول ئېچىش.» جۇڭخۇا مىللىتى ئازاب - ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈرگەن، قەيسەر ئۇلۇغ مىللەت، جۇڭگو خەلقى ئەمگەكچان، باتۇر، توختىماي ئۆزىنى كۈچەيتىدىغان ئۇلۇغ خەلق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئۇلۇغ پارتىيە. مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىنى كۈتۈۋېلىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلەرنىڭ كۈچ ئۇلاپ ئىلگىرىلىشى داۋامىدا، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى چوقۇم ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى ئۇزاق بولمىغان كەلگۈسىدە پۈتۈپ چىقالايدۇ!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 - بەتتە)

2018 - يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون 15 ياش ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى شىنجاڭلىق شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ۋە شىنجاڭلىق كۆچمە نوپۇسلارنىڭ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى ئالامەتلىرىنى ئىلغاپ تەكشۈردى ۋە كۆكرەك قىسمىنى X نۇردا تەكشۈردى. بۇ يىل 8 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي ئىلغاپ تەكشۈرۈلگەنلەر سانى 13 مىليون 971 مىڭ 200 بولدى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بىر قىسىم جايلارنىڭ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرىنىڭ داۋالىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايون ھەرىكەتچان ھالەتتە ئۆپكە تۇبېركۇليوزىنى ئامبۇلاتورىيەدە داۋالاتسا 100% ئاتچوت قىلىش، دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالاتسا 90% ئاتچوت قىلىش، كۆپ خىل دورىغا چىدامسىز ئۆپكە تۇبېركۇليوزىنى داۋالاش ھەققىنى چوڭ كېسەل كاپالىتىگە كىرگۈزۈشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئاتچوت قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە 13 تۈرلۈك ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش تۈرىنىڭ ھەممىسىنى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا بىرمۇ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقى كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كەتمىدى، كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كەتمىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سەھىيە - ساغلاملىق تارماقلىرى ۋە داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىدىكى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تېپىپ، دەرھال تەكشۈرۈپ دەرھال تۈزىتىپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرىنى يۇقۇملىنىش مەزگىلىدە مەركەزلەشتۈرۈپ ئايرىپ داۋالاش، يۇقۇملىنىش مەزگىلىدە بولمىغان ئاغرىقلارنى «مەركەزلەشتۈرۈپ دورا ئىچكۈزۈش + ئۈزۈلۈكسىز ناشتىلىق»دەك ئۆيدە داۋالاش قاتارلىق بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. ھازىر ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرىنى تۇنجى قېتىم كېسەل كۆرسەتىش، دىياگنوز قويۇش، ئېنىق دىياگنوز قويۇش، دوكلات قىلىشتىن داۋالاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكىچە بولغان ۋاقىت ئىلگىرىكى ئوتتۇرىچە ئىككى ئايدىن بىر ھەپتىگە قىسقىراپ، «بالدۇر بايقاش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش» ئىشقا ئاشتى.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەجرىبىخانا تەكشۈرۈش خادىملىرى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى داۋالاش خادىملىرىنى مەخسۇس تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارى ۋە داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەكتەپلەردە تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «كىچىكلەر چوڭلارنى يېتەكلەش» ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش بىلىملىرىنى بىلىش نىسبىتىنى ئۆستۈردى.

قەشقەر ۋىلايىتى ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىنى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە، ئاممىۋى خىزمەتكە ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە سىڭدۈرۈپ، 15 ياشتىن ئاشقانلار ئارىسىدا ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، بىرى بايقالسا، بىرىنى داۋالاش، داۋالاپ ساقايتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

خوتەن شەھىرىدىكى ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنى ئايرىپ داۋالاش نۇقتىسىدا، مىنەۋۋەر روزىتوختىنىڭ داۋالىنىش باسقۇچى يەنە بىر ئايدىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ. مىنەۋۋەر مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى ئىزچىل كېسىلىمنى زۇكام دەپ بىلىپ، خالىغانچە دورا يەپ، سالامەتلىكىمنى بارغانسېرى ناچارلاشتۇرۇۋېتىپتىمەن. بۇ يەردە دورىنى تەرتىپلىك يەيمەن، ھەر كۈنى يەنە 25 يۈەن تاماق پۇلى تولۇقلىمىسى بېرىدۇ، كالا سۈتى، تۇخۇم، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ھەممىسى بار بولۇپ، يەيدىغىنىمىزمۇ قۇۋۋەتلىك».

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەھىيە - ساغلاملىق تارماقلىرى 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈملۈك نەتىجىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش، ئۈنۈملۈك داۋالاش باشقۇرۇش - مۇلازىمەت سۈپىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش تەجرىبىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قالغان ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قوزغىتىپ قانات يايدۇرۇپ، سۈنئىي ئەقىل(AI)دىن پايدىلىنىپ، ئاغرىقلارغا يىراقتىن دىياگنوز قويۇش، داۋالاش، سانلىق مەلۇمات ئۇچۇرلىرىنى بىرتۇتاش توپلاش، داۋالاش ئۇچۇرلىرىدىن تولۇق ھەمبەھىرلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش - باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى جۇڭگو كېسەللەرنى كونترول قىلىش مەركىزى تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش كلىنىكا مەركىزى، بېيجىڭ كۆكرەك كېسەللىرى دوختۇرخانىسى بىلەن يىراقتىن داۋالاش سۈپىتى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى پائال ئۇدۇللاشتۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تۇبېركۇليوز كېسىلى كەسپىي تېخنىكا كۈچلىرىنى بىرىكتۈرۈپ، ناھىيە - ۋىلايەت - ئاپتونوم رايون - دۆلەتتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقى كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىگە مۇلازىمەت قىلدى.

«بىز تىرىشىپ بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا، بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ قوزغىلىش نىسبىتىنى كونترول قىلىشنى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىگە يېقىنلاشتۇرىمىز، ياكى يەتكۈزىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىر مۇتەللىپ روزى.

**(مۇخبىرلىرىمىز چاۋ جىن، شيا چىڭ، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن رېن خۇڭفاڭ، قەشقەر مۇخبىرلار پونكىتىدىن پەن يەنيۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز نيۇ بىن يازغان)**